# داۋا ۋە نوپۇزنىڭ مۇناسىۋىتى

## ئىككى قەدەم ئارقىغا

خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى باش بولۇپ، باشقا تەشكىلاتلار، مەتبۇئاتلارمۇ قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ داۋا ھەركىتى (خەلقارادا تونۇلۇشى) ئۈچۈن بەك ياخشى بىر كوزۇر ياراتقان ئىدى. بۇ كوزۇر رابىيە قادىر ئىدى. ئەمما رابىيە قادىرنىڭ قويۇپ بېرىلىپ، ئامېرىكىغا يولغا سېلىنىشى بولسا كوزۇرىمىزنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈشىدىكى بىرىنچى قەدەم، يەنى، خاتىمىسىنىڭ باشلىنىشى بولغان ئىدى. مەن شۇ چاغدا كەچۈرۈم تەشكىلاتى مەركىزىدىكى خىتايغا مەسئۇل بۆلۈمدىكى مايكقا (ئەسلىدە 1999–يىلىدىن باشلاپ بىزنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتىمىز قويۇق بولغان، ئۇ چاغلاردا ئالەت لەيدىگۆي خانىم باشلىق ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مايك تەيىنلىنىپتىكەن) شۇنداق ئېلخەت ئەۋەتكەنتىم: «بىز ئۈچۈن ياراتقان كوزۇرۇڭلارنىڭ قىممىتى تۆگىدى، شۇڭا ئەمدى يېڭىدىن يەنە بىرنى ياراتساڭلار،... »

شۇنداقلا، رابىيە خانىمنىڭ چەتئەلگە چىقىشى ھامان بۇ چۈشەنچىلىرىمدىن بىر ماقالە يازماقچى بولدۇم. يەنى، خىتاينىڭ رابىيە خانىمنى قويۇپ بېرىشىدىكى سەۋەپ، قويۇپ بېرىشىنىڭ پايدا – زىيىنى،... قاتارلىقلار ھەققىدىكى مۇلاھىزەمنى. ئەمما ئەڭ ئالدى بىلەن سىدىقھاجىدىن قورقتۇم. مۇناسىۋىتىمىز ياخشى ئىدى. مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرىدىم. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ كىشىنىڭ «بەك يېزىۋېتىدىغانلىقى»دىن ئەمەس، سىياسىينى چۈشەنمەيدىغانلىقىدىن، مېنىڭ مۇلاھىزەمنى توغرا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قوبۇل قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. چۈنكى ماقالەمگە شۇنداق ماۋزۇ قويماقچىدىم: «ئۇيغۇرلار موھىم بىر كوزۇرىدىن ئايرىلدى». مانا بۇنى سىدىقھاجىنىڭ چۈشۈنەلىشى مۇمكىنمىدى؟ سىدىقھاجى دەل ئەكسىچە، «ئۇيغۇرلار بىر كوزۇرغا ئېرىشتى» دەپ چۈشۈنەتتى. شۇنداقلا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىنمۇ ئەنسىرىمەي بولمايتى. جامائىتىمىز بەكمۇ باللارچە پىكىر قىلاتتى؛ ئۆتكۈنچى ھاياجانلارغا بېرىلىپ ۋە شۇ ھاياجانلار ئىچىدە پىكىر قىلاتتى؛ ياكى تەرەپدارلىقنى ئۆلچەم قىلىپ پىكىر قىلاتتى: ئالدى بىلەن ھەر ئۇيغۇر بىر «تەرەپ»كە مەنسۇپ ياكى بىر «تەرەپ»كە كۆڭلىدە تەرەپدار، ئاندىن مەسىلە ۋە شەخسلەرنى باھالىغاندا مانا شۇ تەرەپدارلىقنى ئۆلچەم قىلىپ باھالايدۇ. بۇنداقكەن، بۇنداق بىر مۇلاھىزە بەك قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتكە قالاتتى. بۈگۈن بولسا بەختكە قارشى بۇنى ھەركىم قوبۇل قىلالايدىغان كىلىمات بارلىققا كەلدى.

ئەنە شۇ چاغلاردا دېمەكچى بولغانلىرىمدىن بىرنەچچە نۇقتا شۇلار ئىدى:

رابىيە قادىرنى خىتايلار نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىغا يولغا سېلىپ قويىدى؟ بۇ ھەرگىزمۇ سىدىقھاجى ۋە باشقا سىدىقھاجىغا ئوخشىغانلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئامېرىكىنىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىۋالغانلىقتىن ئەمەس ئىدى. ئىككى ئېھتىماللىق باردى: بىرى، رابىيە قادىر خىتايلار تەكلىپ قىلغان مەلۇم شەرتلەرنى قوبۇل قىلغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئېھتىماللىق ئاجىزراق ئېھتىماللىق ئىدى. ئىككىنچى ئېھتىماللىق، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ كۆنسېرى ئېشىۋاتقان نوپۇزى، تەسىرى خىتاي ئۈچۈن ۋەھىمىگە ئايلانغان، بۇ ئىسىم بىلەن بىللە ئۇيغۇر دېگەن مىللەت چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ دائىمىي خەۋىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇنى تۈرمىدە تۇتتۇۋەرگەنىدە رابىيە قادىرغا نوبېل مۇكاپاتى بېرىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ نۇقتىلاردىن رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدە بولۇشى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولۇۋاتاتتى؛ (پەقەت سىدىقھاجى ئائىلىسى ئۈچۈن بەختسىزلىك ئىدى.) بۇلارنى مۆلچەرلىگەن خىتاي سىياسىيونلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەسلىھەتىگە مۇراجەت قىلدى. مەخسۇس مەھكۇم مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بولسا ھاكىمىيەتتىكى خىتايلارغا شۇ مەسلىھەتنى بەرگەنلىكىدە شەك يوق: ئەگەر رابىيە داۋاملىق تۈرمىدە تۇتۇلسا ئۇيغۇر سىياسىي داۋاسى خەلقارالىشىپ كېتىدۇ، رابىيەنىڭ نوپۇزىغا ئەگىشىپ يوغۇنايدۇ؛ رابىيە ھەتتا تۈرمىدە تۇرۇپ نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشى مۇمكىن. بۇ ۋەزىيەت خىتاي دۆلىتى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ بالايى– ئاپەت. بۇ ئىشنى چىرايلىق تىنجىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى رابىيەنى ئۇيغۇرلار

ئىچىدە سېستىپ، ئابرويسىزلاندۇرۇپ تۈگۈتۈش! بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بېرىپ، ئامېرىكىغا يولغا سېلىپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن تېخى خىتايلار كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغۇچى تونىمۇ كىيىۋالالايتى! بۇ قارارغا ئاساس بولغان سەۋەپلەر شۇلار:

رابىيە ئايال، ئۇيغۇرلاردىن بەزى توپلار ئەنەنىۋى قاراشلار تۈپەيلى ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ؛ رابىيە ئوقۇمىغان، شۇڭا تېزلا ئۆز نوپۇزىنى چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ؛ رابىيە مەن – مەن، شۇڭا ھېچكىمنىڭ توغرا مەسلىھەتىنى ئاڭلىمايدۇ؛ شەخسىي پەزىلىتىمۇ كىشىلەرنى چاپسانلا ئەتراپىدىن قاچۇرۇشقا ئۈيغۇن. شۇڭا تېزلا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ پوقىنى قاتۇرۇپ، تارقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇرلار، ئۆزىدىن چىققان لىدېرنى خاھلىمايدىغان مىللىي پسخىكا شەكىللەندۇرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاستىرتتىن تارقىتىلغان پىتنە – ئىغۋالارغا ئاسانلا گول بولۇپ، تېز ئارىدا ئۇنى ھەلەق قىلىپ تۈكۈرۈپ تاشلايدۇ! مانا مۇشۇنداق ئويلۇشۇلغان ۋە رابىيەنى قويۇپ بېرىش قارارى چىقىرىلغان!

رابىيە قادىر چىقتى. ئۇيغۇر خەلقى ئىنتايىن پايدىلىق بىر كوزۇردىن مەھرۇم بولدى؛ پەقەت سىدىقھاجى خوتۇنغا، باللىرى ئانىسىغا مۇيەسسەر بولدى.

دەل شۇنى قىياس قىلغانلىقىم ئۈچۈن، رابىيەنىڭ نوپۇزى داۋانىڭ تەسىرىگە ئوڭ تاناسىپ دەپ قاراپ، بۇ مەزلۇمغا ناھايىتى كۆپ مەسلىھەتلەرنى بېرىشكە ئۇرۇندۇم. بىۋاسىتە دېگەنلىرىمۇ بولدى، مەندىنمۇ يېقىنراقلىرى ئارقىلىق سالام ئېيتقان چاغلىرىمۇ بولدى. يېقىنلىرى ئارقىلىق ئالغان جاۋابىم شۇ بولدى: «ماڭا ھېچقانداق مەسلىھەت كېرەك ئەمەس، ئۆزەمنىڭ ئەقلى يېتىپ ئاشىدۇ!»

بۇ ئوقۇمىغان ئايالدىن نېمىنى كۈتەتتۇق؟ ھېچنېمە كۈتۈلمەيتى، ئۇنىڭ نوپۇزىدىنلا پايدىلىنىشقا، ئۇنى بايراق قىلىپ كۆتۈرۈۋېلىپ، «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» شەكلىدە باشقا بىر گورۇپ ئۇيغۇر زىيالىسى باراڭنىڭ ئاستىدا ئىش يۈرگۈزۈشلا كېرەكتى (ئەگەر بىز پىشقان بىر مىللەت بولغان بولساق، باللارچە ئەخمەق بولمىغان بولساق شۇنداق قىلالايتۇق، بۇنداق تەييار كوزۇردىن ئۈستۈلۈق بىلەن پايدىلىنىپ، داۋامىزنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى باستۇرالايتۇق؛ كوزۇر بولغۇچىمۇ كەڭ قوساقلىق بىلەن: «مەن كۆپ ئوقۇمىغان، ئۆزەمنى بىلەلمەي چوڭ ئىشنى بۇزۇپ قويماي، سىلەر قىلىڭلار، مەن پەقەت كۆرۈنۈش بېرىپلا قوياي» دەيتى. ئەپەندىمنىڭ «يېپنى تارتىشى»غا قارىتا ئەمرىنىڭ جاۋابىدەك ھاماقەتلەرچە جاۋاپ بېرىدىغان ئىش بولمايتى). شۇنداقلا مەن سىدىقھاجىنىڭ ئاشۇ مەشھۇر نامى – شەرىپىگىمۇ ئىشىنىپ قالغىنىم ئۈچۈن، رابىيەنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى تىزگىنلەيدىغان ئەقىللىق، بىلىملىك، بولۇپمۇ سىياسىي كىملىكى ئىشەنچلىك بىر ئادەم بار دەپ ئويلايتىم. نەدىن بىلەي، كىمنىڭ كىمنى تىزگىنلەيدىغانلىقىنى؟!

سىدىقھاجى رابىيە خانىم يېتىپ كەلگەن ئاشۇ ھاياجانلىق مىنۇتلاردا بىر پارچە «رەخمەت تىزىملىكى» ئېلان قىلىپ، «پالا – پالان ئەپەندىگە، ... » دېگەن شەكىلدە نۇرغۇن ئىسىملارنى مەكتەپ يوقلىمىسىدەك ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، رابىيەنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىغا ياردەمدە بولغان بۇ تىزىمدىكىلەرگە رەخمەت ئېيتقان ئىدى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە «خۇ جىنتاۋ ئەپەندىگە رەخمەت» دېگەن جۈملىلەرمۇ بارىكەنمىش. (راستىنى دېسەم مەن بۇنى ئاڭلىمىدىم). رادىئودىكى ئۇلۇغلىرىمىزدىنمۇ بىرنەچچە ئىسىم ئوقۇپ ئۆتۈلگەن ئىدى (بۇگۈن تىللانغان ئىسىملارمۇ بار). مۇشۇ رەخمەت تىزىملىكىلا سىدىقھاجىنىڭ سىياسىيونلۇق بىلىمىنى نامايان قىلىشقا يېتەتتى. چۈنكى بۇ رەخمەتتىن ئاڭلىشىلىۋاتقان ئۇقۇم شۇكى، تىزىملىكتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ياكى ئىنسانىي بۇرچلىرىنى ئادا قىلغان بولماستىن، سىدىقھاجى ئائىلىسى ئۈچۈن ياردەم قىلغان بولاتتى. بۇ يەردە بۇ كىشى رابىيە قادىر مەسىلىسىنى سىدىقھاجى ئائىلىسىنىڭ مەسىلىسى قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. بۇنىڭىسىزمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن يازمىشلىرىغا قارىسىڭىز ئەنە شۇنداق مەنا، ئائىلە پاجىئەسى ئۇقۇمى تېشىپ تۇراتتى. ئۇ گويا باشقا كىشىلەرمۇ رابىيە قادىر مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، رابىيە قادىر ئۈچۈن ۋارقىرىسا، خۇددى رابىيە قادىر ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل باللارچە ئەندىشە بىلىنەتتى. ئەسلىدە بۇ ئومۇمىي مىللىي پاجىئە ئىچىدىكى بىر مىسال ئىدى، خالاس. كىشىلەر بۇنى ئومۇمىيلىققا كۆتۈرۈشكە تىرىشقانسېرى، سىدىقھاجىنىڭ شەخسلەشتۈرۈشكە تىرىششلىرى يوقۇرىدا دېيىلگەندەك، سىياسىي سەۋىيە مەسىلىسى ئىدى.

# داۋا نوپۇزغا ئۇيغۇن تاناسىپ

ئەركىن ئالپتېكىن «پىت بازىرى»دىن ئۆچۈرۈلگەن تېمىسىدا دېگەندەك، نوپۇز داۋانىڭ ھاياتى. داۋا نوپۇزغا ئۇيغۇن تاناسىپ. ئەركىن ئەپەندى دەل بۇنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ئۆركەش دۆلەتنى «تۆر»گە تەكلىپ قىلىش ئۇرۇنۇشىدا بولغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ (ئەمما خىتايپەرەستلىشىپ كەتكەن بۇ بالا بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ). خۇددى شۇ ئوخشاش چۈشەنچە سايىسىدا ئەركىن ئەپەندى رەئىسلىكنى رابىيە قادىرغا ئۆتۈنگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇمۇ راست. مانا بۇ داۋاغا كۆيۈنىدىغان بىر ئادەمنىڭ تۇتۇمى؛ سىياسىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ تۇتۇمى.

ئەمما بەختكە قارشى، رابىيە خانىمنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇملانغان سىدىقھاجىنىڭ باشتىن – ئاخىرقى ئەندىشىسى، رەئىسلىكنىڭ قولدىن كېتىشى بولدى. نوپۇز — بىلىمنىڭ سەمەرىسى ئەمەس، تەشۋىقاتنىڭ سەمەرىسى. نوپۇز بولمىسا بىر داۋانىڭ بېشىغا چىقىۋالغىلى بولمايدۇ. ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر بىلىملىكنى رەئىس قىلىپ قويۇپ كۆرۈپ بېقىڭ، قانداق بولىدىكىن! بۇ بىرەرسى سۇيىقەست قىلىپ ياكى شايكا توپلاپ ئېلىۋالسىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇنىسى بىر خىل ئېتىقادقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشەنچ ۋە ئەتراپىتىكىلەرنىڭ تونۇشى. شۇڭا رەئىسلىك قولدىن كېتىدىغان بولدى دېگەن ئەندىشە تۇپەيلى نېرۋا سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشنىڭ ھېچ ئورنى يوق ئىدى. رەئىسلىكنى ھېچكىم ئېلىۋالماقچىمۇ ئەمەس (مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن)، ئېلىۋېلىپمۇ ئايىغىغا چىققىلى بولمايتى. شۇڭا قوساقنى سەل كەڭ تۇتۇپ، ھەر ساھەنىڭ تەكلىپ، ئىنكاسلىرىغا قۇلاق سېلىش، كۆپچۈلۈكنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، يەككە ھەركەتكە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق لازىم ئىدى. ئەمما ئاشۇ ۋەھىمە بۇگۈنكى جىمىكى سەلبىي نەتىجىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى! يەنى چەتئەللىكلەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ سۆزلۈشىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، باشقا سەۋىيەسى ئۇستۇنراق بىرىنى ۋەكىل قىلىش، پەقەت كۆرۈنمىسە بولمايدىغان سورۇنلاردىلا كۆرۈنۈپ، بولمىسا سىمۋول شەكىللىك ئارقىدا تۇرۇشلا ئۆزىگە يارىشاتتى. قانچە كەم كۆرۈنسە سىرلىقلىشاتتى؛ سىرلىقلاشقانسېرى سۈرلۈك بولاتتى؛ سۈر دېمەك نوپۇز دېمەك ئىدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇ مۇشتاق بولغان شەرەپلەرنىڭ تاجى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ قونۇۋېرەتتى. ئەمەلىي ئىش قىلغانلار خۇددى «بىكارلىق مەدىكار» دېگەندەك، ئۇنىڭ شان – شەرىپىنى، نوپۇزىنى يۇكسەلتىش ئۈچۈن ئىشلىگەن بولاتتى. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، كۆزنىڭ كىچىكلىكى، كېلىپ چىقىشىنىڭ «زىدى... » دېگەندەك بولۇشى تۇپەيلى، بۇ مەزلۇم ئۇنداق ئويلىمىدى، ئۇ ئۆزىنى خېلى ئىش قاملاشتۇرۇدىغانلاردىن دەپ ئويلايتى. كارخانا قۇرغان، بىنا سالالىغانلىقى بۇ خىل شېرىن ئۆلچەمگە ئىلھام بولغان ئەمەلىي بىر مىسال رولى ئويناپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ئۆزەمنى بىر كۆرسۇتۇپ قويسام، كىشىلەر ھەيرانۇ – ھەس قېلىپ، تېخىمۇ بەك مەستانە بولىدۇ، نوپۇزۇم تېخىمۇ ئېشىپ، داڭقىم ئالەمگە پاتمايدۇ» دەپ خام خىيال قىلىپ قالدى. «ئاشۇ كۆرۈنۈدىغان سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزەم كۆرۈنمىسەم، ئاۋۇلار شەرەپنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ»، ئەندىشىسى بىلەن، «مەدرىسنى ۋەيران شەھەرنى پوق» قىلىش نەتىجىسى كېلىپ چىقتى. بەربىر «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت - تە! ئۆز ۋاقتىدا، ئۇزاق بىر يايلاقتا چارۋىچىنىڭ قويى ئۈچنى توغسا، «ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە... » دېيىلمەمتى؟ دۇنيادىكى ئىشلار كۆپ ھاللاردا ئەنە شۇنداق بولىدۇ. قولۇڭ تەگسۇن، تەگمىسۇن، ھەتتا بۇنداق بىر ئىشتىن خەۋىرىڭ بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئىش بېشىدا سېنىڭ ئىسمىڭ بولغان ئىكەن، بارلىق نەتىجىمۇ ساڭا مەنسۇپ بولۇۋېرىدىغان گەپتى. مۇشۇنچىلىك ئاددىي رېجىنىمۇ چۈشەنمىگەن ئادەملەر ئەللامەلىكتىن تامادا بولۇۋاتقىنى قىزىق ئەمەسمۇ؟

رابىيە خانىم ئۆز ۋاقتىدا قۇرۇلتايچىلاردىن قاخشاپ، «ھەر بىرىنىڭ بىرەر مەنسەپ تەلىپى بولىدۇ، ‹ماڭا مۇئاۋىن رەئىسلىكنى بېرىسەن، بولمىسا ئىشلىمەيمەن، ماڭا ئۇنى بېرىسەن، بۇنى بېرىسەن،.... › دېگەندەك ھەرخىل تامالىرى بولىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، كېلىشىپ ئىشلىمەك ئاسان ئەمەس... » دېگەن مەزمۇندا گەپ قىلغان چېغىدا مەن: «مېنىڭ ھېچقانداق ئەمەل تەلىپىم يوق، ئەمما نامىسىز ئىشلەشكە مەن تەييار، شۇڭا قانداق بىر يەرگە يوللۇنىدىغان يازما ماتېرىيال بولسا، مېنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشۈمگە ئەۋەتسىڭىز، سەۋىيەسىز بىر نەرسىلەرنى چەتئەللىكلەرگە سۇنۇپ ئۆزىمىزنى چۈشۈرۈۋالمىساق،... مەن بۇ

ئىشلارنى تامامەن نامسىز شەكىلدە قىلىشقا رازى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان ئىدىم. كېيىن ماڭا بۇ ھەقتە ۋەدە قىلىندى. «ھەرقانداق يازما ھۆججەت سىزنىڭ قولىڭىزدىن چىقىدۇ» دېيىلدى. بىر ماتېرىيالنى بۇ گەپنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە سىمۋوللۇق ئەۋەتكەنمۇ بولدى. ئەمما بۇ بىر خىل «نەزەرگە ئىلىندىم» تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ساداقەت تۇغدۇرۇش ئۇرۇنۇشىلا ئىدى. ئەۋەتىلگەن ماتېرىيالنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىشىمۇ دېيىلمىگەن. چۈنكى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىلىدىغان بىر نەرسە بىلەن، چەتئەللىكلەرگە بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ پەرقى بولىدۇ؛ شۇنداقلا چەتئەللىكلەردىنمۇ ئاممىۋي تەشكىلاتلار ۋە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئوخشاش تەلەپپۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. ئىشلىتىش جايى ئېيتىلمىغان بۇ ئۇزۇن ماتېرىيال پەقەت كۆز بوياش خاراكتېرىدە ئەۋەتىپ قويۇلغاچقا، ئوبيېكتى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا خانىمدىكى «سىدىقھاجى بەك يېزىۋېتىدۇ» دېگەن ئېتىقاد ھېچ سۇسلىمىغان ئىدى، ئۇنداقكەن، ئاشۇنداق «بەك يېزىۋېتىدىغان» بىرى تۇرغان يەردە ماڭا ئەۋەتىشى راست بولاتتىمۇ؟ ئەتراپتىكى كۆتۈرمىچىلەرمۇ خانىمغا ھېچقاچان راست گەپنى قىلىپ، «خانىم، سىدىقھاجىنىڭ بەك يېزىۋېتىشىمۇ چاغلىقتەك قىلىدۇ،... » دېمەيتى. بۇنداق بولۇشىغا سەۋەپ بولۇۋاتقان ئامىل: بىرىنچىدىن بۇ ئادەملەرنىڭمۇ قەلەم قۇۋۋىتىنى باھالىغۇدەك ئۈمىچى بولمىغاننى ئاز دەپ، ئۆزلىرىمۇ بەك بىر نەرسە ئوقۇپ يۇرۇدۇغان ئاۋارىلار ئەمەس ئىدى؛ ئىككىنچىدىن سىدىقھاجىنىڭ بار يېرى ھەققىدە راست گەپنى قىلسا مەن ئۆكتىچى (ئۇلارنىڭمۇ خوپ غۇمى بولغان، ئەگەر قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولسا خىتايىنى قويۇپ تۇرۇپ ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئۆتىچى)نى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالاتتى–دە!

تىرىشچانلىقلارغا قارىماي، نوپۇز كىچىكلەۋاتاتتى. دەسلەپكى يىلى نوبىل مۇكاپاتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ نامزاتىنىڭ بىرى بولغان بولسا، كېيىنكى يىللاردا ھەتتا تىلغىمۇ ئېلىپ قويۇلمىغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى ئىدى. ئەنە شۇ ھالدىمۇ ئۆزىنى چاغلاش، تەجرىبە – ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، خاتالارنى تۈزۈتۈش سەمىمىيتى بولمىدى. دەل ئەكسىچە، بۇ بولۇۋاتقانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ يامانلىقىدىن، بارلىق مەۋجۇت تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىرلا رابىيەگە ئەگەشمەسلىكىدىن دەپ چۈشۈنۈشتى. ھەتتا سىياسىي تەشكىلاتلارلا ئەمەس، ئۇلاردىن ھوقۇق تالاشمايدىغان ئىلمىي تەشكىلاتلارمۇ كۆزىگە پاتتى: «مائارىپ جەمىيتى» ۋە «ئۇيغۇر ئاكادىمىيسى» ھەققىدىمۇ سۆكۈشلەردە بولدى. بۇمۇ شۇنچە زۆرۈرمىدى؟ ئۇلار نېمىگە پۇتلاشقان ئىدى؟ مانا شۇنداق قىلىپ نوپۇز سۇنۇشقا يۈز تۇتۇپلا قالماي، ئاشكارە مەسخىرىلەرگىمۇ نىشان بولۇشقا باشلىدى....

ئەمدىچۇ؟ نوپۇزنىڭ تامامەن سۇنۇشىدەك ئېچىنىشلىق بىر ۋەزىيەت ئالدىدا تۇرۇپتۇمىز. ئەسلىدىغۇ ئامەت قاچقاندا تاپا–تەنە قىلىش، ئۆتمۈشنى تەگەش ئوغۇلبالىچىلىق بولمايتى. ئەمما، شۇ سىدىقھاجىلاردا بۇ نۇقتىنى چۈشەنگۈدەك ھال بولسا، راستىنلا كونا خامانىنى سورۇپ يۇرمىگىنىمىز ياخشىدى، ئەلۋەتتە. پەقەت ئۇلاردا بۇنى چۈشەنگىدەك ھال بولمىغاچقىلا، بۇنىڭدىن چەكسىز ئازاپ ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتسامىمۇ بۇلارنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن.

باللاردەك شىغا ئۇچۇدۇغان سىدىقھاجىنىڭ يېنىكلىك بىلەن قىلىپ يۇرگەن قىلىقى تۈپەيلى، ئۇۋۇسىغا سۇ قۇيۇلغان چۈمۈلىلەردەك قوزغۇلۇپ كەتكەن ھەرخىل سالاھىيەتتىكى كىشىلەر، فائىلى مەجھۇل كىشىلەر، ھەتتا ئۇرۇمچىدىمۇ، چەتئەلدىمۇ؟ ئۇقۇپ بولمايدىغان كىشىلەر، نوپۇزنىڭ ئاخىرقى زەررىلىرىنىمۇ چەيلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ. بەزى پۇرسەتپەرەست خىتاي ئايغاقچىلىرى بۇ پۇرسەتتە ئاكتىپ ھەركەتكە ئۆتتى. ھەتتا شۇنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەسلىدە سىدىقھاجىنى كۆشكۈرتكەنلەر ياخشى ئادەملەر ئەمەس ئىدى؛ ئەمدى سىدىقھاجىنىڭ «قالىغاچ ئۇۋۇسى... »نى باھانە قىلغان توپ ئېچىدە يەنە نۇرغۇن خىتاي ئايغاقچىلىرى ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. نوپۇزنىڭ سۇنۇشى كىمگە نېمە پايدا ئېلىپ كېلەر؟ بۇنى ئويلاپ كۆرەيمۇ دېمەستىن قىزىپ كېتىشلەرنىڭ ئارقىسىدا چوقۇمكى بىر تەشكىللەش بار. ئادەتتە پايدىلىق بىر ئىش ئۈچۈن بۇنداق بىر يەڭدىن باش چىقىرالمايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپادىلەۋاتقان بۇنداق ئۇيۇشقاقلىقى ناھايىتىمۇ گۇمانلىق.

بۇ جاناپلاردىن شۇنداق سوراشقا مەجبۇرمىز: بۈگۈنىنىڭ شەرتلىرى نەزەردە تۇتۇلغاندا، رابىيە قادىردىنمۇ بەكراق مۇۋاپىق كىمىڭىز بار؟

# ئۇيغۇرلارنىڭ مىزانى

سىدىقهاجىنىڭ «قالىغاچ ئۇۋىسى... »نى يېزىشتىكى ھەركەتلەندۈرگۈچىسى ھېچ توغرا ئەمەس ئىدى. يوقۇرىدا دېيىلگەن سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش خاپىلىقىدىن «رەئىسكە لايىق ئادەم قويماي، ھەممىنى پوقلىۋېتىش» نىيىتى بىلەن بولغان. نىيەت ياخشى بولغان بولسىدى، بىر ئاز سالماقراق بولغان بولاتتى. چۈنكى سالماقراق بولسىلا، قالىغاچ ئۇۋىسىدا زىكرى كېچىۋاتقان «باچكىلار»دىن بەزىلىرى ھەققىدىكى بايانلار ئەلۋەتتە توغرا ئىدى. سىدىقهاجىنىڭ ئەنە شۇ ناتوغرا ھەركەتلەندۈرگۈچى تەرىپىدىن قۇترۇتۇلۇپ، كېلىپ چىققان بۇ «ماقالە» قارا- قويۇق ھەممىنى ئارىلاش ساۋاش بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەزىلەرگە «چام ئالدۇرۇپ» قويدى: مۇناپىقلىق ئېلېمېنتلىرى بولغان بۇ جاناپلار، قارا- قويۇق ساۋالغان باشقا ئادەتتىكىلەر ياكى گۇناھسىزلار قاتارىدا پايدا ئېلىپ، ئىتتىپاقداشلارغا ئېرىشىۋالدى!

ئەسلىدىغۇ بۇ «ماقالە» ماقالە شەكلىدىمۇ ئەمەس، ئىنكاس كۆزنىكىگە، قورقۇمسىرىغاندەك ئىمزاسىز بېرىلگەنكەنمىش (سىدىقهاجىنىڭ ئىمزاسىز يېزىشى بىر ئوبزورچىنىڭ شەنىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئەخلاقسىز قىلمىش بولۇپلا قالماي، ئۆزى دەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ راستلىقىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆز ئۆزىنى چۈشۈرۈدۇغان بىر قىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنگۈدەك ھالدا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ). ئىمزانىڭ بولمىغانلىقى، قانۇنى نۇقتىدىن قارىغاندا ھېچنېمىگە يارىمايدىغان ئەخلەت دېمەكتۇر. مەسىلەن، سوتتا ئىمزاسىز پاش قىلىش مەكتۇبى پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئۇنى بىر تىيىنگە ئالماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇش ئەڭ توغرا ئىدى(بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللەتنىڭ پىشقان مىللەت بولۇشى شەرت ئىدى). ئەمما، بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا بىر تەشكىللىك دۈشمەنلىك ياتقاچقا، نوپۇزنى ئاخىرقى ھىساپتا بەربات قىلىۋېتىش ئۈچۈن، بۇنداق ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلانماي قويمايتى. ئۇيغۇر جامائىتىمۇ كوللىكتىپ پىسخىكىسىدىكى قىتىغۇرلۇق تۈپەيلى، بۇنداق ماجرالارنى جان دەپ قارشى ئالاتتى. ئىمزاسىز بولغاندىكىن، سالاھىيەت ئاشۇ تۇتۇقلۇقىدا تۇرۇۋەرگەن بولسا (گەرچە ھەممە ئادەم سىدىقنىڭ ياكى سىدىق دەستەكلىك چاپانچىلارنىڭ دەپ بىلىپ بولغان بولسىمۇ) بىر ئاز ياخشىدى. ئەمما ئاڭلىسام، خانىم يېنىكلىك بىلەن سىدىقهاجى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، بۇ ھاقارەتنامىغا رەسمىي ئىمزا قويۇۋەتكەندەك ئىشنى قىپتۇ (مانا بۇمۇ سىياسىينى بىلىش مەسلىسى، سەتچىلىكلەردىن قانداق ئۆزىنى قاچۇرۇشنى بىلىشمۇ سىياسىي ماھارەتلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە). ئۇنداق قىلمىغان بولسا بىرەر «ئوغلاق»نى گۇناھقا كەففەرەت قىلىپ ئەرزان قۇربانلىق بىلەن قۇتۇلغىلىمۇ بولاتتى. ئەمدىكى جەڭنى كۆرۈڭكى، ھاقارەت تارىخىنىڭ رىكوردى يارىتىلىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئۆلچەم نېمىدى؟ سىدىقهاجىنىڭ ئۆلچىمى رەئىس بولۇش ئېھتىماللىقى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى چۆكۈرۈۋېتىش بولغاچقا، باشقا نەرسە ئويلىمىغان. ئىمزاسىز جاۋاپ بەرگۈچىنىڭ ئۆلچىمى «سەن يامان دېگەندىكىن مەن ياخشى دەيمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. بۇ جاۋاپنىڭمۇ ئىمزاسىزلىقى، ئوخشاشلا بىر تىيىنلىق قىممىتىنىڭ يوقلۇقى ئىدى. ئىشلەتكەن سۆزلىرىدىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى دېگەندە ھەر ئىككىسىنى بىرەر ھاقارەتنامە دېيىشكە بولاتتى. ئاتالمىش جاۋاپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمزاسىز بولۇشى ھېچ دىققەتلەرگە بىر ئىما بولالمىدى. ئەسلىدە ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز ئىمزاسى بىلەن جاۋابىدىن باشقىلىرىنى جاۋاپ دېيىشكىمۇ بولمايتى. بىر تىيىنلىق قىممىتى يوق بۇ نەرسىلەرگە ئېتىۋار قىلىشنىڭ مەنىسى يوق. ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا: نوپۇزنى تامامەن يوق قىلىۋېتىشتىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن «بىرلىكسەپ»! بۇنىڭ ئارقىسىدا پىلانلىق بىر قوماندانلىق، ئەسلىدە بىر- بىرىگە ئانچىۋالا يۇقۇشمايدىغاندەك تۇرغانلارنىڭ دەرھال ئىتتىپاق ھاسىل قىلالىشى قاتارلىق ئامىللاردىن قارىغاندا، بۇ سەل قارىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇرۇندىن دەپ كېلىۋاتقىنىمدەك، چەتئەللەردە ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئازسانلىق ئىكەنلىكى ۋە كۈچسىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قارىشىمىزنى بۇ پاكىت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

كۆپچۈلۈكنى بۇ ئىككى پارچە ھاقارەتنامىدىكى كىشىلەرنى باھالىغان ئۆلچەم ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچ ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىمەن. نەقەدەر كۈلكىلىك ئۆلچەم! ئۇ يامان دەپ تىزغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇنىسى ھەممىسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرەر قەھرىمانى دەپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ! مۇشۇنداقمۇ ئۆلچەم بولامدۇ؟

ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يېزىلىپ تۇرۇۋاتقان «جاۋاپلار»، ئىنكاسلارنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، تېخىمۇ تېتىقسىز مەنتىقسىزلىقلارنى كۆرۈمىز: سىدىقھاجى نېمىلا دېسە دېسۇن، بەزى دەلىللەرنى كەلتۈرۈپتۇ. مەسىلەن، ئەركىن تارىمنىڭ قېيىنئاتىسى ئامانلىق مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بىرىنچى نومۇرلۇق جاسۇس (ئەمما سىدىقھاجى خاتا قىلىپ، نازارەتتە دەپ قويغان) دېگەن بولسا، رەددىيە بەرگۈچى چوقۇم ئەنە شۇ دەلىلنى ئاغدۇرماق لازىم كېلەمتى قانداق؟ يەنى مەسىلەن، ئەركىن تارىمنىڭ قېينى ئاتىسى ئامانلىق مىنىستىرلىكىدە ئەمەس، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ قاراشنى ئاغدۇرۇۋەتكەندىلا، سىدىقھاجىنىڭ خاتا بولغان بولىدۇ. ئەمما ئۇنداق بىر ھالنى كۆرمەيسىز. كۆزنى يۇمۇۋېلىپ تىللاشنى كۆرىسىز، ساراڭ، ئېشەك، توڭگۇز،... دېگەندەك ھاقارەتلەر. بۇ يەردە بىرلىرى قەستەن سۇنى لېيىتىۋاتقاندىن باشقا، ھېچقانداق ئىلمىيلىك يوق.

ئەگەر سىدىقھاجىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى پاكىت ئەمەس بولسا، ئۇنى دەلىللىمەك لازىم. ئەگەر بۇ ھەقتە دەيدىغىنىڭىز بولمىسا، ئەمما سىدىقھاجىنى يەنىلا ئەيىبلىشىم كېرەكتى دېسىڭىز، ئۇ ھالدا سىدىقھاجىنىڭ «چېكى توختىمايدىغان»لىقىغا دائىر سانسىز مىساللار، پاكىتلار بار. شۇلارنى تىلغا ئالسىڭىزمۇ بولاتتى. مەسىلەن، تېخى يېقىندىلا رادىئو ئۈچۈن ئادۋۇكاتلىق قىلغان ئىدى، ئەمدى ئۇنى تىللاپتۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئەيىبلىگەن ئادەملىرىدىن بىرمۇنچىسى ئۆزى بىلەن بىر كېمىدە سايازغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. «ئۆزەڭ بىلەن بىر كېمىدە بولغاندىكىن نېمىشكە كېمىدىن چۈشۈرۈۋەتمىدىڭ؟» دەپ سورالسىمۇ بولىدۇ... ئەپسۇسكى، تور ئىنكاسچىلىرىمىزدا ئەزەلدىن ئىلمىيلىك بولۇپ باقمىدى؛ نۇقتىنەزەر بولۇپ باقمىدى. قارا– قويۇق تىللاش ياكى لىن بىياۋدەك ماختاش. ئەمما بۇنىڭغا سەۋەپ تەمىنلەشنى ئويلاپمۇ كۆرمەسلىك!

## توپۇلاڭ ئىچىدىكى تەركىپلەر

بۇ توپۇلاڭدا مۇرەككەپ تەركىپلەر بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇمچىدە ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىدۇ دېسەكمۇ بولىدۇ. توپۇلاڭدىن ئاشۇ «قالىغاچ ئۇۋىسى... »دا تىلغا ئېلىنغان، ھەقىقەتەندىمۇ «كۆتى پوق» باچكىلار پايدا ئالماقتا. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ موھىم نۇقتا شۇكى، ئىنكاسچىلاردىكى قىزغىنلىق نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟ ئەجەبا بۇ ئىنكاسچىلار پايدىلىق بىر بەس–مۇنازىرە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز جىم– جىت ئىدىغۇ؟ ۋەتەن مىللەتنىڭ پايدىسىغا بىرەر ئىش قىلىشتا ھېچقاچان بۇنداق بىرلىشەلمەيتتىغۇ؟ نېمىشكە شەخسلەر ئۈچۈن بۇنداق جىددىي؟ مەسىلەن، يېقىن ئۆتمۈشتە ئۆمەر قاناتنىڭ رادىئودىن قوغلۇنۇشى ھەققىدە ئىنكاسچىلارنىڭ قايناپ كەتكەنلىكى ئېسىمىزدە. شۇنداقلا توربەتچىلەرنىڭمۇ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن گۇمانلىق! بەزى ھەققانىي نەرسىلەرنى ئۆچۈرۈپ توختىتامايدىغانلىقى، بەزى ھاقارەتلىك نەرسىلەرنى تۆرگە ئېلىپ قويۇشلىرى، بەزى شەخسلەرنىڭ ئابرويىنى قوغداشتىكى قەھرىمانلىقى (بۇ نۇقتىدا يەنە ئۆمەر قاناتنى ئەپەندىنى مىسال قىلساق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئابرويى ئۈچۈن «پىت بازىرى» كېچە – كۈندۈز دېمەي كومپيۇتېر ئالدىدا مىختەك ئولتۇرۇپ، تاكى ئىنكاسچىلار زېرىككىچە «قەتئىي كۆرەش» قىلغانىدى). مانا شۇ توربەتلەر بۇگۈن «قالىغاچ ئۇۋىسىدىكى سۆھبەت»تە ئىسمى زىكرى قىلىنغان باچكىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان– جەھلى بىلەن كۆرەش قىلىشماقتا.

ئىنقىلاپچىغا ئايلاندۇرۇلغان بەزى جاناپلارنىڭ كىملىكىنى ئويلىساڭ كۈلۈپ كېتىسەن! ياشاپ كەت ئۇيغۇر! پەقەت سىدىقھاجى يامان دېگەچكىلا بىر توپ مۇناپىقمۇ ئىنقىلاپچى دېيىلسە، بۇ قانداق مىللەت؟! دېمەك، بىزگە ئازاتلىق، مۇستەقىللىق كېرەك ئىكەنلىكىمۇ گۇمانلىق ھالغا كېلىدىغۇ؟!

## «گۈمبەز» ياساش ئۆرۈنۈشى

ئاز – تولا تارىخ ئوقۇغانلارنىڭ خەۋىرى بار، ئاپاق خوجا ھايات ۋاقتىدىلا ئۆزىگە گۈمبەز ياسىتىشنى باشلىغان. بۇ گۈمبەز ئۈچۈنمۇ تۆگۈمەس ئالۋاڭلار سالغان. گۈمبەزنىڭ ئەگمىسى توختىماي، نەچچە قېتىم گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن. ئاخىرى گۈمبەز بۈگۈنكى ھالىتىدە پۈتكەن.

ئاپاق خوجىنىڭ مەخسىدى ئۆزىنىڭ قەۋرىسىنى بىر تاۋاپگاھقا ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە گۈمبەزلا بولسا تاۋاپ قىلغۇچىلار تېپىلاتتى. ئۇنى خېلى توغرا ئويلىغان دېمەي چارىمىز يوق. بىرنەچچە يۈز يىلدىن بېرى بۇ گۈمبەزنى نادان خەلقىمىز تاۋاپ قىلىپ كەلدى. ھەتتا ھەرەمنىڭ ئالدىغا قويۇۋالىدىغان رىۋايەتلەرنىمۇ توقۇپ چىقىرىشتى:

ئەرەبىستاندا ھەج قىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلاردىن سوراپتۇمىشلار:

— قەيەردىن كەلدىڭلار؟

— قەشقەردىن.

— ھە، ھېلىقى ئاپاق خوجا مەقبەرىسى بار جايدىنمۇ؟

— ھەئە شۇ يەردىن.

— ۋاي ئېسىت، نېمىشكە ئاۋارە بولۇپ كەلگەنسىلەر، شۇ قەبرىگە تاۋاپ قىلساڭلارمۇ ئوخشاشتى ئەمەسمۇ.

ھەتتا «بۇ يەرگە كەلگەندىن ياخشىراقتى ئەمەسمۇ» دەپتۇ دېگەندەك رىۋايەتلەر تارقالغان.

راست دېگەندەك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تېخى بىر ئېشەكنىڭ قەبرىسىنىمۇ تاۋاپگاھ قىلىۋالغان بىر چۆچەك بارغۇ. گەرچە ئاپاق خوجا مازىرى بۈگۈنگە كەلگەندە لەنەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان بولسىمۇ، تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ نۇرغۇن ئاھالىسى ھېلىمۇ بۇ قەبرىنى مۇقەددەس بىلىپ كەلمەكتە.

بۈندىن باشقا نۇرغۇن مۇستەبىتلەرمۇ ھايات تۇرۇپلا ئۆزلىرى ئۈچۈن «گۈمبەز»، خاتىرە مۇنارىسى تىكلەش ئۇرۇنۇشلىرىدا بولۇشقاندى. بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى بەزى رەئىس جۇمھۇرلارنىڭ مۇشۇنداق ئۇرۇنۇشلىرىنى، ئەرەپ دۆلەتلىرىدىكى مۇستەبىتلەرنىڭ ھەريەرگە رەسىملىرىنى ئېسىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ تۇرۇپتىمىز. بۇلارمۇ ئەنە شۇ «گۈمبەز» ياساش ئۇرۇنۇشى بىلەن مەنىداش ھەركەتلەر سانىلىدۇ.

ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ چەتئەلدىكى قىلىق ھەركەتلىرىمىزگە قايتىپ كەلسەك، مۇشۇنداق «گۈمبەز» تىكلەش ئۇرۇنۇشلىرىنى كۆپ ئۇچرۇتۇمىز. تارىخقا ئىمزالىرى چۈشۈدۈغان قەھرىمانلارنىڭ «گۈمبەز»لىرى بولىدۇ. ئەمما بۇنى ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كېيىنكىلەر تىكلىگەن بولسا سۆيۈملۈك بولىدۇ، مەڭگۈ چۈلدەرەپ قالمايدۇ؛ ئەگەر ئۆزى ھايات تۇرۇپلا ۋاستە تاللىماستىن ئۆزى قۇرۇشقا تىرىشقان «گۈمبەز» بولسا بۇنىسى ئۇ تېخى ھايات تۇرۇپلا لەنەتگەردى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تەۋسىيەمىز: «ھەي شەرقىي تۈركىستان داھىلىرى، لېدىرلىرى! سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلىۋېرىڭلار، ‹گۈمبەز›نى بىز تىكلەيلى! كېيىنكىلەر تىكلىسۇن!»

## مۇناسىۋەتلىك سەتچىلىك جەريانىدا كۆرۈلگەن بىر ساختىپەزلىك

كۆپچۈلۈككە مەلۇم بولغىنىدەك، «ئازاتلىق» تورى خاس رابىيە خانىمنىڭ بېتى ھېسابىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خانىمنىڭ بۈيۈك خىزمەتلىرىنى كۆپچۈلۈكنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش، ئۆكتىچىلەرگە زەربە بېرىش. يەنى ئىككى ئاساسىي تۈردە بولۇپ، بىرى مەدھىيە، يەنە بىرى ھاقارەت.

كېيىن بۇ سىدىقھاجى روزىنىڭ ئاساسىي پىكىر سەھنىسى رولىنى ئوينىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق «ئوبزور»لىرى، «لىكسىيە»لىرى، «پوبلىستىكا»لىرى مۇشۇ يەردە ئېلان قىلىناتتى. ئەگەر بۇ يەردە بەتنىڭ تۈپ مۇددىئاسىغا قارشى بىرەر تەنقىدىي ماقالە ئەمەس، ئىككى كەلىمە ئىنكاس بولغان تەقدىردىمۇ ئۆچۈرۈلەتتى. ھەتتا ئاي پى ئادرېسلىرى چەكلەپ قويۇلاتتى. نۆۋەتتە كىرىزىسقا سەۋەبچى بولۇۋاتقان «قالىغاچ ئۇۋىسى... »مۇ بۇ توردا قەپەزدىن چىققان ئىكەنمىش. ھەتتا سىدىقھاجىدەك مۇشۇنداق «قۇيرىقىغا تۈكى چىققان باچكا» بىلەن، ئازاتلىق توردا ۋە شۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەمتاۋاقلىقىدا بولغان «ئەتلەنگۈش باچكىلار»نىڭ يېقىن ھەمكارلىقىمۇ باردى. چوڭ ۋە كىچىك باچكىلارنىڭ ھەمكارلىقىدا بارلىققا كەلگەن مەخسۇس ھاقارەت قامۇسلىرىمۇ باردى. (بۇ قامۇسنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىمۇ مەشھۇر ئورۇن تۇتۇدۇغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن) بەلكىم نۆۋەتتىكى «قالىغاچ ئۇۋىسى... »دا شۇئىرلاشقانلارمۇ مانا شۇلار بولۇشى مۇمكىن. «قۇيرۇقىغا تۈك چىققان باچكا» بىلىم غەزنىسى بولغاچقا خام ماتېرىيال تەمىنلىگەن، ئازاتلىقتىكى ھەمتاۋاق «ئەتلەنگۈش باچكا» يېزىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ مەشھۇر خىزمىتى بىلەن دۇنيانى قىزىتىۋەتكەن «ئازاتلىق» تورى ئاڭلىسام مېنىڭ كىتاپلىرىمنى ئېلان قىپتۇمىش! بىرەر ماقالە ئەمەس، پۈتۈنسۈرۈك كىتاپلارنى! ۋاھ، بۇ نېمە گەپتۇ؟ بۇنىڭغا ئىلگىرى مېنىڭ ئىسمىم كەچىكەن بىرەر ئىنكاسىنىمۇ يازالمىغان، ھەتتا چەكلىنىپ كەتكەن ئىنكاسچىلاردىن بەزىلىرى ھەيران قاپتۇ. ئىلگىرى بىرى بىر ھىكايە چاپلاپتىكەن، (ھىكايىنىڭ ئىسمىنىمۇ بېرەي، مەخپىي قالمىسۇن: «قان ئىچىدىكى بوۋاق»)، بۇ ھىكايە بارىن ئىنقىلابىنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى جەريانىنى سۆزلىگەن، ھۆججەتلىك بىر ھىكايە، ھازىر «ئەينەك»»تە بار) ئاۋال بۇ ھىكايىنى تەستىقلاپتۇكەن. كېيىن بۇنى ئەينەك تورىغىمۇ قويغاندىكىنلا، «ئازاتلىق»تىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان! ئەسلىدە ئۇلار بۇ ھىكايىنىڭ ئاپتورىنى بىلمىگەندە يارىغان، ئاپتورىنىڭ مەن بولۇش ئېھتىمالىم مەيدانغا چىقىشىغىلا يامان ھىكايە ھېساپلانغان ۋە ئۆچۈرۈلگەن! قاراڭلار، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن مانا بۇ تەقلىتتە ئىشلەيدىغان گەپ! ئازاتلىق ئۈچۈن مانا مۇشۇ پوزىتسىيە بىلەن كۆرەش قىلىدىغان گەپ. يەنى بىر نەرسىنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشى ئۆلچەم ئەمەس، ئاپتورى مەن تەرەپمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇنىسى ئۆلچەم! ئەمدىلىكتە نامايان قىلىۋاتقان بۇ تەرەپسىزلىككە قاراڭلار! ئادەمنىڭ ھەۋسى كېلىدۇ.

مېنىڭ كىتاپلىرىمنى ئېلان قىلىشتىكى بۇ مەردانىلىكتىن غەرەز نېمىدۇ؟ «ئۇر – ئۇرغا قالغان» بۇ ۋەزىيەتتە تەقدىرداشلارنى كۆپەيتمەكچىمىدۇ؟ ئەپەندىمىنىڭ خۇرجۇن يۇتتۇرگىنىدەك؟ ياكى «تورىمىز ئەزەلدىن تەرەپسىز، شۇڭا ھەرقانداق تۈردىكى يوللانمىلارنى رەت قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئەڭ مەشھۇر ئۆكتىچى غۇلامنىڭ كىتاپلىرىنىمۇ بېرىۋاتىمىز، شۇ قاتاردا ‹قالىغاچ ئۇۋىسى .. ›نىمۇ بەرگەنمىز، بۇنىڭ ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق، بۇ دېگەن ئەركىن مەتبۇئات، قاراشلار ئاپتورلارغا ئائىت» دېگەن سىگنالنى بەرمەكچى بولغانمىدۇ؟ ياكى «ھامىنى سەن ‹ياغلىقاپاق› بولغاندىكىن، بۇ ئىشتىمۇ سېنى شېرىكتەك كۆرسۈتۈپ، تېخىمۇ ‹ياغلاشتۇرۇۋېتەيلى›» دېگەن غەرەز يوشۇرۇنغانمىدۇ؟ بەلكىم شۇ بۈگۈندىن باشلاپ بىز ئەركىن مەتبۇئات بولۇشنى باشلىدۇق دېگەننى بىلدۈرىدىغاندۇ.

## خۇلاسە

بولغان، بولۇۋاتقانلار ھەققىدىكى بۇ يازمىشىمنى خۇلاسىلىشىم كېرەكتەك قىلىدۇ.

ئىمزاسىز يازغان نەرسىلەر يۈرىكى پوك – پوكلارنىڭ قىلمىشى بولۇپ، ئوغۇرلۇقتىن پەرقى يوق. شۇڭا ئۇنى بىر ئەخلەت ھېساپلاشلا كېرەك. ئىككىنچى، ئادەم ۋە ھادىسە باھالاشتا بىر ئىنقىلابىي ئۆلچەم بولۇشى كېرەك؛

ھەرگىزمۇ «سەن ياخشى دېگەننى مەن يامان دەيمەن، سەن يامان دېگەندىكىن، مەن ھەممىسىنى ياخشى دەيمەن» شەكلىدىكى باللارچە، ھەتتا مەتۇلارچە ئۆلچەمنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سىدىقهاجىنىڭ «قالىغاچ ئۇۋىسى... »دا ئەيپلەنگەنلەر ئىچىدە بەك چەكتىن ئاشقان، ئەخلاق چېگرالىرىدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇۋال قىلىنغانلار ئەلۋەتتە بار. ئەمما ئۇنىڭدا ھەقىقەتەنمۇ راستى دېيىلگەن، خەلققە تونۇتۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئەپتى – بەشىرىسىنى كۆرۈۋېلىشىمىز زۆرۈر بولغان فائىلى مەجھۇل شەخسلەرمۇ ئاز ئەمەس. (بۇ ھەقتە تەپسىلي توختۇلۇشنى ئايرىم ماقالىدا قولغا ئالىمىز)

ئاقكۆڭۇل، سىياسي تەقدىرىمىزگە كۆڭۇل بۆلۈدۇغان كىشىلىرىمىزگە تەۋسىيەمىز شۇ: بۇ بىر مەيدان خامتالاش كومپانىيىسىگە قېتىلماڭ، بۇ «دوستقا تاپا، دۈشمەنگە كۈلكە» بولىدۇغان زىيانلىق بىر ئىش؛ نۆۋەتتىكى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدىن ئېيتقاندا رابىيە قادىرنى بېسىپ چۈشىدۇغان بىرەر نوپۇز يوق، ئۇنداقكەن، ئۇنى خامتالاشتا يوق قىلىۋېتىشنىڭ ئۆزىمىزگە زىيىنىلا بار.

تەنقىدلەشكە ئەلۋەتتە بولىدۇ، تەنقىدلەشتە نۇقتىئىينەزەر بولۇشى لازىم. مەلۇم خاتا نۇقتا، ئەگرى كەتكەن بىر پاكىتنى تۇتۇپ، تەنقىدلىسىڭىز بولىدۇ. ياكى، سىدىقهاجىدەك ئوبزورچىنىڭ تەنقىدلىرىدە تىلغا ئېلىنغان پاكىتلاردىن ساختىلىرىنى، يالغانلىرىنى ئېچىپ بېرەلىسىڭىز، ئەنە شۇ نۇقتىنى تۇتۇپ تەنقىدىڭىزنى قاناتيايدۇرۇۋۇڭ. ھېچقانداق سەۋەبىيەت كۆرسەتمەستىنلا كۆزنى يۇمۇۋېلىپ تىللاش ئىلمىيلىك ئەمەس، ئادىمىيلىك ئەمەس، تەربىيىلىك، ئەخلاقلىق بىر ئادەمنىڭ قىلىقى ئەمەس. دەل شۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتالمىش ئىنكاسچىلار بۇ ئىشنى ئىمزاسىز قىلىشماقتا. چۈنكى تارىخ ھامان كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا، تارىخ يازغۇچى مۇشۇ دەۋرنىڭ يازما ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئاندىن يازىدۇ. ئەگەر ئاۋۇ «ئىنكاس»لار ئىمزا بىلەن يېزىلسا مانا شۇ تارىخقا، بۇ ئىنكاسچىلار بەك شەرەپلىك بىر شەخس سۈپىتىدە قىستۇرۇلماي قېلىشنى بىلگەچكە، ئەنە شۇنداق ئىسمىنى يوشۇرۇپ غەۋغانى ئۇلغايتىدۇ. شۇلارغا خىتابىمىز: جاناپ، ئەگەر ئۆزىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بولسا نېمىشكە روپاش خېنىمدەك، چۈمبەلنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ قىلىسىز؟ جامائەتكە كۆرۈنگىدەك يۈزۈڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟

ئەمدى زېدىلەنگەن نوپۇز توغرىسىدا نېمە خۇلاسىمىز بار؟ زېدىلەنگەن نوپۇزنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولارمۇ؟ بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق. چۈنكى زېدىلەنگەن نوپۇز — سۇنغان جانان چىنىگە ئوخشايدۇ. سۇنغان چىنىنى قاداقچىغا قاداتقىلى بولسىمۇ نۇقسانلىق، كۆرۈمسىز بولۇپ قالىدۇ، ھەرگىزمۇ بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. ئەمما بۇ نوپۇز، ئاشۇ زېدىلەنگەن ھالىتى بىلەنمۇ يەنە ئەڭ يوقۇرى نوپۇز بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. قاداتقان چىنىگە يەنىلا سۇ ئالسا تۇرىدۇ! ھېچ بولمىغاندا چەتئەللىكلەرنىڭ تونۇشى بىلەن شۇنداق. ئۇنداقكەن، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ھاقارەتلەرگە ئاۋاز قوشۇپ، نوپۇزنى تېخىمۇ يوق قىلىش، كۈلىنى كۆككە سورۇشقا ھەسسە قوشماي، شۇ بۇگۈنكى ھالىتىدە بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشقا تىرىشسا، بۇنى بىر مىللىي بۇرچ ھېسابىدا قىلسا، توغرا قىلغان بولىدۇ. نوپۇز ئۆزى مۇشۇ ساۋاقلاردىن دەرس ئېلىپ، سەممىيلىك بىلەن، كەلگۈسىنىڭ بىر نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ ھۇل سالسا توغرا قىلغان بولىدۇ.